سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

## دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى

ئاپتورى: سۋىفت [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيە كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قى-
لىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەر-
جىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى

**ئاپتورى:** سۋىفت [ئەنگلىيە]

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيە كېرەم

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8

**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

图书在版编目(CIP)数据

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

书　　名: 格列佛游记
作　　者: 斯威夫持 [英]
翻　　译: 阿斯艳·克然木
责任编辑: 艾尼瓦·库迪力克
责任校对: 克尤木·吐尔逊
出　　版: 新疆喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址: 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编: 830000
发　　行: 新疆新华书店
印　　刷: 新疆八艺印刷厂
开　　本: 787mm×1092mm　1/32
印　　张: 2.5
版　　次: 2009 年 1 月第 1 版
印　　次: 2009 年 2 月第 1 次印刷
书　　号: ISBN 978-7-5373-1736-8
定　　价: 60.00 元 (全十册)




# كىرىش سۆز

«گالليۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى»نىڭ 1 ـ قىسمى «كىچىك ئادەملەر دۆلىتى»، 2 ـ قىسمى «چوڭ ئادەملەر دۆلىتى»، 3 ـ قىسمى «ئۇچار ئارالدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، 4 ـ قىسمى «ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ساياھەت خاتىرىسى»دىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «كىچىك ئادەملەر دۆلىتى» ۋە «چوڭ ئادەملەر دۆلىتى» ئەڭ قىزىقارلىق بولۇپ، كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن، دۇنيادىكى بالىلارغا بەك يارىغان. شۇڭا بۇ يەردە 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرىلا تەرجىمە قىلىندى.

«گالليۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى»نى ئوقۇغانلىكى ئادەم بۇلارنىڭ فانتازىيە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. راست، بۇلارنىڭ فانتازىيىلىك ساياھەت خاتىرىلىرى. لېكىن تەسۋىرلەنگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ۋەقەلىكلەر بىزگە راستتەك تۇيۇلىدۇ، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، سىز بۇنى فانتازىيە دەپ تەسەۋۋۇر قىلمايسىز. بۇ كىتاب 17 ـ ئەسىردە يې-



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



-زىلغان، ئۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ سىياسىتى ئىنتايىن چىرىك بولۇپ، سۆز ئەركىنلىكى بولمىغان، شۇڭا ئاپتور رېئاللىقنى ئاجايىپ ـ غارايىپ فانتازىيە ئارقىلىق مەسخىرە قىلغان. لېكىن كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ياش كىتابخانلارلا قىزىقىپ ئوقۇپ قالماستىن، ئوردىدىكىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەرمۇ قىزىقىپ ئوقۇغان. مانا بۇلاردىن بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىي سېھرىي كۈچىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاپتور سۋىفت (Jonatham Swift 1667 — 1749) ئەنگلىيىلىك رومان يازغۇچى بولۇپ، بالىلىق دەۋرى نامراتلىقتا ئۆتكەن، قېرىغاندا ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ۋە غېرىب ئۆتكەن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا جىمغۇرلىشىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان.

بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۈەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي







# مۇندەرىجە


1 ـ قىسىم كىچىك ئادەملەر دۆلىتى .................. 1

كىچىك ئادەملەر دۆلىتىدە .......................... 2

ئەسىر ........................................ 11

ئەركىنلىككە چىقىش ............................ 18

ئەپسۇسلىنارلىق غەلىبە .......................... 28

2 ـ قىسىم چوڭ ئادەملەر دۆلىتى .................. 37

دېھقاننىڭ ئۆيىدە .............................. 38

ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ........................ 46

خەتەرگە ئۇچراش .............................. 52

مۇزىكا ۋە ئارمىيە ............................. 60

ساندۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ....................... 67




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 1 ـ قىسىم

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى









# كىچىك ئادەملەر دۆلىتىدە

ئىسمىم گاللىۋېر، ئەنگلىيىلىك تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىمەن، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ ھەرقايسى دۆلەتلەردە ساياھەت قىلىش ئىدى.

1699 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەن ئاندى نامىلىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئەنگلىيىدىن جەنۇبىي دېڭىزغا سەپەر قىلدىم.

شەرقىي ھىندىستانغا بېرىش يولىدا تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، پاراخوتىمىز خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتتى. مەن پاراخوتتىكى بەش خىزمەتچى بىلەن بىرلىكتە پاراخوتتىن قۇتقۇزۇش كېمىسىنى چۈشۈرۈپ، شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ شامال يۆنىلىشىدە لەيلەپ يۈردۇق. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتىن كېيىن، شىمال تەرەپتىن ئۇرۇلغان چوڭ دولقۇن قۇتقۇزۇش كېمىمىزنى ئۆرۈۋەتتى. ھەمراھلىرىم سۇغا چۆكۈپ كەتتى. مەن سۇدا نىشانسىز ئۈزۈپ يۈردۇم، دېڭىزنىڭ دولقۇنى مېنى ئالدى تەرەپكە ئۇراتتى. ھېرىپ سۇ ئۈزگۈدەك ماجا-





www.uyghurkitap.com

لىم قالمىغاندا سۇنىڭ تېيىز يېرىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىرەر دېڭىز مە-لىدەك مېڭىپ قىرغاققا يېتىۋالدىم. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغان، ئۆزۈممۇ بەك چارچاپ كەتكەنىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بەك ئىنچىق بولغاچقا، يۇمشاق ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم. ئويغانسام تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ. ئور-نۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، لېكىن پەقەت مىدىرلىيالمىدىم.

مەن ئوڭدىسىغا ياتقانىدىم. مانا ئەمدى ئىككى پۇتۇم-نىڭ چىڭ باغلانغانلىقىنى، چاچلىرىمنىڭمۇ يەرگە مەھكەم باغلاپ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەدىنىم نەچچە تال ئىن-چىكە ئارغامچا بىلەن تېڭىۋېتىلگەنىدى. قۇلىقىمغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى. بېشىمنى بۇراپ قارىيالمىدىم. لېكىن ناھايىتى كىچىك نەرسىلەرنىڭ سول پۇتۇمنىڭ ئۈس-تىدە مېڭىۋاتقانلىقىنى، كۆكرىكىمدىن يېنىك دەسسەپ ئۆتۈپ، ئېڭىكىمگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيدۇم.

كۈچەپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ئۇنىڭ ناھايىتى كىچىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بويى ئىككى - ئۈچ سۇڭ كېلەتتى، قولىدا يا بىلەن ئوق، دۈمبىسىدە ئوق خالتىسى بار ئىكەن.

ئۇنىڭ كەينىدە شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك ئادەمدىن تەخمىنەن قىرىقچە بار ئىكەن. بۇنداق كۆپ ئۇششاق مەخلۇق-









ىلارنى كۆرۈپ قورقىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم.

ۋارقىرىشىمدىن ئۇلار قورقۇپ قاچتى. بىرنەچچىسى قورقىنىدىن ئۈستۈمدىن يىقىلىپ چۈشتى، ھەممىسى يارى-لانغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇلار دەرھال قايتىپ كەلدى. يۈ-رەكلىكرەك بىرى تەۋەككۈل قىلىپ يۈزۈمگە چىقىۋالدى. بۇنداق بولۇۋېرىشقا چىدىمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق كۈچەپ، ئاخىرى سول قولۇم باغلانغان ئارغامچىنى ئۈزۈۋەت-تىم. ئاندىن ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ چېچىمغا باغلانغان سول تەرەپتىكى ئارغامچىنى ئۈزدۈم، شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئاز - تولا مىدىرلىتالايدىغان بولدۇم.

بۇ چاغدا ئۇلار يەنە قاچتى. «تولگاخ.ناك!» دەپ ۋارقىرى-غان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەش - پەش دېگۈچە سول قولۇمغا 100 دىن ئارتۇق ئوق تەگدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاۋاغا ئېتىل-غان سانسىز ئوقلار بەدىنىم ۋە يۈزۈمگە چۈشۈپ، يىڭنە سان-جىلغاندەك ئاغرىتاتتى. بەدىنىمدىكى تېڭىقتىن بوشىنىش ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە ئېتىلغان ئوقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، يەرگە يامغۇردەك چۈشكىلى تۇردى. بىرنەچچە كىچىك ئادەم يېنىمغا كېلىپ بەدىنىمگە نەيزە سانجىدى. ھېلىمۇ ياخشى خۇرۇم جىلىتكە كىيىۋالغان-لىقىم ئۈچۈن نەيزە ئۇنىڭدىن ئۆتمىدى.

ئۇلار ھەممىسى مۇشۇنداق كىچىك بولسا تېخىمۇ



www.uyghurkitap.com

كۆپرەك كەلسىمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمەن، دەپ ئويلايتتىم. مەن خىيال سۈرۈۋاتقاندا ئۇلار ئوق ئېتىشنى توختاتتى.

بۇ چاغدا ئەتراپىمدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تېخىمۇ كۆپەيـ دى. بۇنىڭدىن يەنە نۇرغۇن كىچىك ئادەملەرنىڭ كەلگەنلىكىـ نى پەرەز قىلدىم. ئوڭ قۇلىقىمدىن نەچچە چى يىراقلىقتىكى جايدا ياغاچ قوزۇقنا ئۇرۇلۇۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بېشىمنى سەل بۇراپ ئۇلارنىڭ بىر يېرىم چى ئېگىزلىكتە يېڭى ياغاچ سۇپا ياسىغانلىقىنى كۆردۈم.

مۆتىۋەر سۇپەت بىر ئادەم ئۈچ شوتا بىلەن سۇپىغا چىقىپ ماڭا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گېپىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم. بىردەمدىن كېيىن 50 كە يېقىن ئادەم يۈگۈـ رۈپ كېلىپ، ئوڭ تەرەپتىكى چاچلىرىم باغلانغان ئارغامچىـ نى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ، ۋەز ئېيتىۋاتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرقىنى كۆردۈم.

ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولۇپ، سۆزلەۋېتىپ ھەر خىل قىياپەتلەرنى كۆرسىتىپ مېنى قورقۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن ماڭا كەڭچىلىك قىلىدىغان نۇرغۇن ئىپادىلەرنىمۇ كۆرسەتتى.

قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمـ نى بىلدۈردۈم. ئۇزۇندىن بېرى نەرسە يېمەي قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەنلىكتىن بارماقلىرىم بىلەن ئاغزىمنى كۆرسىـ





تىپ، يېمەكلىككە موھتاج ئىكەنلىكىمنى بىلدۇردۇم. ھېلىـ
قى مۆتىۋەر بۇنى چۈشىنىپ شوتا بىلەن چۈشۈپ، بىرەر
يۈزدەك ئادەمگە بۇيرۇق بېرىپ سېۋەتلەردە لىق گۆش ئالدۇـ
رۇپ كېلىپ، شوتا بىلەن ئاغزىمنىڭ يېنىغا چىقىپ گۆشنى
ئاغزىمغا سېلىپ قويدى. بۇ ھەر خىل ھايۋاننىڭ گۆشى
بولسا كېرەك، ناھايىتى مەززىلىك پىشۇرۇلغانىدى. ئاندىن
ماڭا ئىككى چېلەك ئىچىملىك ئىچۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ
تەمى ھاراق تەمدەك بولۇپ، ناھايىتى ئىچىشلىك ئىدى.

بۇ كىچىك ئادەملەر شۇنچە كۆپ نەرسىنى يەۋەتكەنلىـ
كىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. مەن يېيىشتىن توختىغاندا
ئۇلار خۇش بولۇپ چۇرقىرىشىپ، سەكرەپ كېتىشتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ پادشاھى ئەۋەتكەن چوڭ
ئەمەلدار بولسا كېرەك، يېنىمغا كېلىپ ئوڭ پۇتۇمغا
چىقىپ، يۈزۈمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە 12 مۇھاـ
پىزەتچى بار ئىدى. ئۇ پادشاھ ئىمزا قويغان خەتنى كۆزۈمگە
يېقىن تۇتۇپ 10 مىنۇتتەك ئوقۇدى، قولى بىلەن ئالدى تەرەپـ
نى كۆرسەتتى. كېيىن ئۇنىڭ بۇ يەردىن يېرىم چاقىرىم يىـ
راقلىقتىكى شەھەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلار مېنى
شەھەرگە ئېلىپ بارماقچى بولدى.

مەن قولۇم بىلەن بېشىمنى ۋە بەدىنىمنى كۆرسىتىپ،
ماڭا ئەركىنلىك كېرەكلىكىنى بىلدۇردۇم. ھېلىقى ئەمەلدار



www.uyghurkitap.com

بېشىنى چايقاپ، قول ئىشارىتى ئارقىلىق مېنى ئەسىر سۈ-پىتىدە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بارغاندىمۇ ئاشا ياخشى مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ بەدىنىمنى بوشاتماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن سانسىز ئوقلار ماڭا قارىتىلىپ ئېتى-لىشقا باشلىدى، نۇرغۇن نەيزىلەر تېرەمگە سانجىلدى. بەك ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ھېلىقى ئەمەلدار ئەدەپ بىلەن كۈلۈپ، مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىرسىنىڭ «پېپرون، شىران!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ۋارقىراشتىن كېيىن بىرسى مەلھەم دورا ئەكېلىپ يۈزۈم ۋە قوللىرىمغا سۈردى، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن جاراھەتلىرىم ساقىيىپ كەتتى. ئار-قىدىنلا ماڭا ئىچىملىك ئىچۈردى. مەن بىردەمدىلا قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم.

كېيىن بىلدىمكى، ئۇلار ماڭا ئىچۈرگەن ئىچىملىككە ئۇيقۇ دورىسى سېلىنغانىكەن. پادشاھ مېنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىم توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىلا پايتەختتە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ ناھايىتى يوغان بىر ھارۋا ياسىتى-ۋاتقانىكەن.

يەنە بىر كۈندىن كېيىن ھارۋا كەلتۈرۈلدى. ھارۋىنىڭ





جازىسى تاختايدىن ياسالغان بولۇپ، يەردىن ئۈچ سۇڭ ئېگىز ئىدى. ئۇزۇنلۇقى يەتتە چى، كەڭلىكى تۆت چى كېلەتتى، ئاستىدا 12 چاقى بار ئىدى. بۇ هارۋا يېنىمدا توختىتىلدى.

ئۇلار ئىككى چى ئۇزۇنلۇقتىكى 80 تال تۈۋرۈكنى يې-نىمغا تىكلەپ بوينۇمنى، پۇت - قوللىرىمنى ۋە بەدىنىمنى بىنت بىلەن باغلىدى. مېنى ياغاچ تۈۋرۈكتىكى غالتەككە تۇم ئارغامچا بىلەن ساڭگىلىتىپ ئارغامچىنى تارتىپ هارۋىغا سالدى ھەمدە هارۋىنىڭ تاختىيىغا مەھكەم باغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەربىرىنىڭ بويى تۆت يېرىم سۇڭ كېلىدىغان 1500 ئەڭ چوڭ ئاتلىرىنى قوشۇپ، مېنى پايتەخت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ئەتىسى چۈشتە پايتەختنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلدۇم. پا-دىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى باشلاپ ئالدىمغا چىقىپتۇ. شەھەردىن 100 مىڭدەك ئادەم مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئاز دېگەندە ئون مىڭدەك ئادەم شوتا بىلەن ئۇستۇمگە چىقىپ كۆردى. كېيىن پادىشاھ ئۇستۇمگە چىقىشنى چەكلەپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى-نى جاكارلاپتۇ.

پايتەختنىڭ يېنىدا ئېگىزلىكى تۆت چى، ئىشىكى ئىككى چى كېلىدىغان چوڭ بۇتخانا بار ئىكەن. ئۇلار سائەت-نىڭ زەنجىرىدەك تومۇلۇقتىكى 91 تال زەنجىرنى سول پۇتۇم-



www.uyghurkitap.com



غا سېلىپ 36 قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلاپ قويدى. مېنى قۇلۇپلاپ بولغاندىن كېيىن ھەممە ئارغامچىلارنى كېسىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرالايدىغان، 6 ~ 5 چى دائىرىدە ماڭالايدىغان، بوتخانىنىڭ ئىچىگە ئەركىن كىرىپ ئۇخلايدىغان بولدۇم.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



## ئەسىر

ئىنچىكىلەپ قارىغاندا بۇ دۆلەت ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ گۈللەككە ئوخشايتتى. باغلاردا نۇرغۇن دەل ـ دەرەخلەر بولۇپ، ئەڭ ئېگىز ئۆسكەنلىرى يەتتە چى كېلەتتى.

بۇ چاغدا پادىشاھ ئات مىنىپ يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېتى ناھايىتى ياخشى كۆندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېنىمغا كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا تاغدەك يوغان كۆرۈنگەنلىكىم ئۈچۈن ئات ئۈركۈپ ئىككى پۇتلاپ تىك تۇرۇۋالدى. پادىشاھ ئاتتىن چۈشۈپ، ماڭا سېلىنغان زەنجىر ئۇزۇنلۇقىنىڭ سىرتىدا تۇردى. خانىش ۋە ياش شاھزادە، مەلىكىلەر نۇرغۇن ئاقسۆڭەك ئاياللارنى باشلاپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.

بۇ پادىشاھ 28 ياشلاردا بولۇپ، ئىنتايىن قاۋۇل كۆرۈنەتتى، تېرىسى زەيتۇن رەڭگىدە، پوزتسىيىسى كەسكىن ئىدى، قولىدا بىر سۇڭ كېلىدىغان شەمشەر بار ئىدى. پادىشاھ ماڭا گەپ قىلدى، مەنمۇ ھەر خىل تىللاردا جاۋاب بەردىم. لېكىن بىر ـ بىرىمىزنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدۇق. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەتتى.







يېنىمغا ئەسكى ئادەملەرنىڭ كېلىپ مېنى بوزەك قى- لىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ مۇھاپىزەتچىلەر قويۇلغانىدى. بىر توپ ئەسكى ئادەملەر ئاستا ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ ئوقيا ئاتتى. بىر ئوق كۆزۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى، كۆزۈمگە تېگىپ كور قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. مۇھاپىزەتچىلەر دەرھال ئالتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قولىنى كەينىگە باغلاپ، قولۇم يېتىدىغان يەرگە نەيزە بىلەن ئىتتىرىپ كەلدى. ئۇلارنى ئوڭ قولۇمدا تۇتۇۋېلىپ، بەشىنى يانچۇقۇمغا سالدىم. ئالتىنچىسىنى قولۇمغا ئېلىپ تىرىك يەۋېتىدىغاندەك قىيا- پەتتە بولدۇم. بۇ بىچارە پىستەك دەھشەتلىك چىرقىراپ كەتتى، ھەتتا مۇھاپىزەتچىلەرمۇ قورقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارغا خۇش چىراي كۆرسىتىپ، ھەممىسىنى قويۇۋەتتىم.

بۇ ئىشىمدىن مۇھاپىزەتچىلەر ۋە تاماشا كۆرۈۋاتقانلار نا- ھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقى خۇشاللىقىدا ئوردىغا دوكلات قىلغىلى كەتتى.

كەچتە بۇتخانىغا ئۇخلىغىلى كىردىم. ئۆملەپ كىرگۈ- چە ناھايىتى قىينالدىم. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدە كارىۋات يوق، ناھايىتى بىئەپ ئىدى. مۇشۇ يېرىم ئايدا پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ماڭا كارىۋات ياسىتىپ بەردى. ئۇلار 600 دەك كارىۋاتنى ھارۋىلار بىلەن ئېلىپ كېلىپ جۈپلەپ، چوڭ كارىۋات قىلدى. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئەديىال، كۆرپە ۋە





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يوتقان تەييارلىدى.

مەن توغرۇلۇق خەۋەر پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغاندىن كېيىن مىليونلىغان پۇقرالار مېنى كۆرۈشكە كەلدى. كېيىن بىلىشىمچە، پادىشاھ نەچچە قېتىم دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى ئېچىپ، مېنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. بەزىلەر مېنى بەك جىق يەيدىكەن، دۆلەتتىمىزدە ئاچارچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا زەھەرلىك ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، دەپتۇ. لېكىن جەسىتىمنىڭ پۇراپ، مەملىكەتكە كېسەل تارقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ.

ئۇلار مەن توغرۇلۇق ئاخىرقى قېتىم مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى يېتىپ كېلىپ، ئالتە بۇزۇقنى قويۇپ بەرگەنلىكىمنى دوكلات قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھتا ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىدا ماڭا نىسبەتەن ياخشى تەسىرات پەيدا بوپتۇ.

پادىشاھ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يېمەكلىكىم ئۈچۈن پايتەخت ئەتراپىدىكى كەنتلەردىن ھەر كۈنى ئالتە كالا، 40 قوي ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ پۇلىنى دۆلەت تۆلەيدىغان بوپتۇ.

بۇنىڭدىن باشقا خىزمىتىمنى قىلىشقا 600 دەك ئادەم ئەۋەتتى. 300 سەيپۇڭ تەكلىپ قىلىپ، ماڭا مۇشۇ دۆلەتنىڭ ئادىتىگە باب كېلىدىغان كىيىم تىكتۈرۈپ بەردى. ماڭا







ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەشھۇر ئالتە تىلشۇناس ئەۋەتتى.
مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاددىي سۆزلەرنى قىلا-
لايدىغان بولدۇم. پادىشاھ ھەر قېتىم مېنى كۆرگىلى كەلگەن-
دە، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ماڭا ئەركىنلىك بېرىشنى تى-
لەيتتىم. لېكىن پادىشاھ بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى،
چۈنكى بۇ ئىشنى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا ماقۇللاشقا توغرا
كېلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى، يەنە مەندىن دۆلىتىگە زىيان يەت-
كۈزمەسلىك توغرىسىدا قەسەم بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن
پادىشاھنى چوقۇم رازى قىلىمەن دەيتتىم.

مەن كىيىمىمنى سېلىپ يانچۇقلىرىمنى تەتۈر ئۆرۈپ
ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولدۇم. پادىشاھ دۆلەتنىڭ قانۇنى بو-
يىچە ئىككى ئەمەلدار يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ، خەتەرلىك
دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، مەن قايتىدىغان چاغدا
ياندۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولدۇم ھەمدە يېنىمنى ئاخ-
تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇتلەق كاپالەتلەن-
دۈرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ھېلىقى ئىككى ئەمەلدارنى قولۇمغا ئېلىپ چاپىنىم-
نىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ئاندىن چىقىرىپ قويدۇم. شۇنداق
قىلىپ ھەممە يانچۇقلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرتكۈزدۇم.
پەقەت ئىشتىنىمدىكى ئىككى سائەت قاپچۇقىنى ۋە باشقىلار
ئاسان بايقىيالمايدىغان يەنە بىر يانچۇقۇمدىكى نەرسىلەرنى





ئۇيغۇر كىتاب تورىيىلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۇلارغا تەكشۇرتكۇزمىدىم. بۇ نەرسىلەر: كۆزەينەك، كىچىك دۇربۇن ۋە پارچە ـ پۇرات ئىشلىنىدىغان نەرسىلەر ئىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ئەسقاتمايتتى.

يانچۇقلىرىمنى تەكشۇرگەن ئىككى ئەمەلدار دوكلاتنى يېزىپ، پادىشاھقا يوللىدى.

پادىشاھ مۇلايىم تەلەپپۇزدا ماڭا شەمشىرىمنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شەمشەرنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدۇم. ئاندىن ھېلىقى دوكلاتقا ئاساسەن، مەندىن «كاۋاك تۆمۈر»نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ تاپانچام ئىدى. ھېلىقى ئىككى ئەمەلدار تەكشۇرگەندە بۇنداق نەرسىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنى «كاۋاك تۆمۈر» دەۋالغانىدى.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاپانچامنى چىقىرىپ، تاپانچىنىڭ رولىنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم. دورا خالتىسىدىن نەم بولمىغان ئازراق ئوق دورىسى ئېلىپ، تاپانچىغا سېلىپ پادىشاھقا قورقۇپ كەتمەسلىكنى ئېيتىپ، ھاۋاغا قارىتىپ ئاتتىم. نەچچە يۈز ئادەم قورقىنىدىن ھوشىدىن كەتتى. باتۇر پادىشاھ ئورنىدا تىك تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قېلىپ خېلى ئۇزۇندا ئەسلىگە كەلدى.

تاپانچا بىلەن بىر خالتا ئوق دورىسىنى يەرگە قويدۇم ھەمدە ئوق دورىسىغا ئوت تۇتىشىپ كەتمەسلىكنى، ئوت تۇتىشىپ كەتسە پۈتۈن ئوردىنىڭ كۆيۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئاندىن سائىتىمنى چىقاردىم. بۇ نەرسە پادىشاھقا بەك







غەلىتە تۇيۇلدى. سائەتنىڭ ئاۋازى، ئىستىرېلكىنىڭ توختى-ماي مېڭىشى ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

ئاخىرىدا كۈمۈش ۋە مىس تەڭگىلىرىمنى، توققۇز كاللەك ئالتۇن ۋە ئازراق تىللا سېلىنغان ھەميانىنى، قەلەم ئۇچلايدىغان پىچاق، ئۇستىرا، تارغاق، تاماكا قۇتىسى، ياغلىق، خاتىرە دەپتەر قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بەردىم.

لېكىن ئۇلار شەمشەر، تاپانچا، ئوق دورىسى قاچىلانغان خالتا قاتارلىق نەرسىلىرىمنى ھارۋىلارغا سېلىپ ئېلىپ كەت-كەندىن باشقا، قالغان نەرسىلىرىمنى ئۆزۈمگە ياندۇرۇپ بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى







# ئەركىنلىككە چىقىش

مۇلايىم مىجەزىم بىلەن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەردە ياخشى تەسىر قالدۇردۇم، بولۇپمۇ پۇقرالار ۋە ئارمىيىدە ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم ئەركىنلىككە چىقىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

ئۇلار بىلەن دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى مەندىن قورقمايدىغان قىلىشقا تىرىشتىم. كىشىلەر ھەمىشە ئالقىنىمدا ئۇسسۇل ئوينايتتى. بەزىلىرى چاچلىرىم ئارىسىدا مۆكۈشمەك ئوينايتتى. پادىشاھ ئويۇن قويىدىغانلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدىمدا نۇرغۇن مەشھۇر ئويۇنلارنى قويدۇرۇپ بەردى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر ھەر كۈنى ئاتلىرىنى مىنىپ، ئالدىمدا مەشىق قىلاتتى. ئاتلار ئەمدى مېنى كۆرسە ئۈركۈمەيدىغان بولدى. قولۇمنى يەرگە قويسام ئەسكەرلەر ئېتىنى قولۇمدىن ئاتلىتىپ ئۆتەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئەڭ قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئايغىمنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىق سەكرەپ





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتەتتى. بۇنداق ئېگىزلىكتىن سەكرەش ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئاسان چۈشمەيتتى.

بىر قېتىم پادىشاھ پايتەختنىڭ ئىچى، سىرتىدىكى بىر قىسىم ئارمىيىگە غەلىتە بىر مانېۋىرغا قاتنىشىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ ماڭا چاترىقىمنى كىيىپ تىك تۇرۇشنى ئېيتتى، ئاندىن تەجرىبىلىك گېنېرالغا قوشۇننى باشلاپ چاترىقىمدىن ئۆتۈشنى بۇيرۇدى. ئۇلار ناھايىتى رەتلىك تىزىلغان، پىيادە ئەسكەرلەر 24 ئادەم بىر ئىززۇوت، ئاتلىق ئەسكەرلەر 16 ئادەم بىر ئىززۇوت بولۇپ، بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، دۇمباقلىرىنى چېلىپ، نەيزىلىرىنى تۇتۇپ ئالدىرىماي ماڭاتتى. پىيادە ئەسكەرلەر ئۈچ مىڭ، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر مىڭ ئىدى. بۇ قېتىمقى تەنتەنىلىك مانېۋىردىن پادىشاھ ئىنتايىن رازى بولدى.

پادىشاھتىن ئەركىنلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى نەچچە قېتىم تەلەپ قىلغانلىقىمدىن، پادىشاھ بۇ ئىشنى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا قويۇپتۇ. ۋەزىر بوگراندىن باشقا ھېچكىم قارشى چىقماپتۇ.

دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بوگرام ئىنتايىن زېرەك ھەم ئىقتىدارلىق بولۇپ، پادىشاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشىنەتتى، لېكىن ئۇ رەھىمسىز ھەم ئىنتايىن زوراۋان ئىدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۆز تەشەببۇسىغا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،







ئىلاجسىز بىر قەدەم چېكىنىپ، بىرنەچچە شەرتكە ماقۇل بولۇپ، قەسەم قىلسام ئاندىن ماڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بوگران بۇ شەرتلەرنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئالدىمدا ئۈنلۈك ئوقۇدى. مەندىن ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە، سول قولۇمدا ئوڭ پۇتۇمنى تۇتۇپ، ئوڭ قولۇمنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى بېشىمنىڭ ئۈستىگە، چوڭ بارمىقىمنى ئوڭ قۇلىقىمغا قويۇپ قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شەرتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

(1) پادىشاھنىڭ تامغىسى بېسىلغان كىنىشكىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى دۆلەتتىن چىقىپ باشقا يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ؛ (2) پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىسىز شەھەرگە كىرىشكە بولمايدۇ. شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئاھالىنى ئىككى سائەتكىچە ئۆيدىن چىقماي تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش لازىم؛ (3) كۆرسىتىلگەن يولدا مېڭىش كېرەك، يول ماڭغاندا پۇقرانى، ئات ـ ھارۋىلارنى دەسسىۋېتىشكە بولمايدۇ. رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ پۇقرانىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا بولمايدۇ؛ (4) مەخسۇس ئىش تۈپەيلىدىن ئالاھىدە خەت ـ چەك يەتكۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، خەت توشۇغۇچى بىلەن ئاتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئالتە كۈن ماڭىدۇ، ھەر ئايدا بىر قېتىم







شۇنداق قىلىشى ھەم خەت توشۇغۇچىنى تىنچ ـ ئامان ئېلىپ كېلىشى لازىم؛ (5) پادىشاھ بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرىك ئارىلدىكى دۈشمەنگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشى لازىم، چۈنكى ئۇلار ھەربىي پاراخوت ياساپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

مەن خۇشاللىق بىلەن قەسەم قىلىپ، بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈمدىكى زەنجىرنى دەرھال ئېلىۋەتتى.

ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن پادىشاھقا لىرىپ شەھىرىگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىش تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، تەلىپىمگە پادىشاھ ماقۇل بولدى.

شەھەرنىڭ سېپىلى ئىككى يېرىم چى ئېگىزلىكتە،11 سۇڭ كەڭلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۆت چاقلىق ھارۋا ماڭالايتتى. سېپىل ئۈستىدە ھەر 10 چى ئارىلىقتا بىردىن ناھايىتى پۇختا ياسالغان قورغان بار ئىدى.

ئەتراپتىكى دەرۋازىدىن يېنىك ئاتلاپ كىرىپ، ئىككى كوچىنى ئايلاندىم. ماڭغاندا كوچىدىكى ئادەملەرنى دەسسىۋېتىشتىن بەك ئېھتىيات قىلدىم. پادىشاھ ئېلان چاپلاپ، پۇقرانىڭ تالاغا چىقىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن دېرىزىدە، ئۆگزىلەردە قىستىلىپ تۇرغان ئادەملەر ھەربىر ھەرىكىتىمگە قىزىقىپ قاراۋاتاتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

كۋادرات شەكىللىك بۇ شەھەرنىڭ ھەربىر تەرىپىدىكى سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 چى ئەتراپىدا ئىدى، بەش چى كەڭلىكتە ئىككى كوچىسى بولۇپ، كرېست شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنى تۆت رايونغا ئايرىغانىدى. كىچىك كوچىلارغا كىرگىلى بولمايتتى. قارىماققا بۇ شەھەرگە 500 مىڭ ئادەم سىغاتتى. ئۆيلەرنىڭ پاكارلىرى ئۈچ قەۋەتلىك، ئېگىزلىرى بەش قەۋەتلىك بولۇپ، ئوردا بۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

پادىشاھنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئوردا تېمىدىن ئاتلاپ كىردىم. چۆرىسىدىكى تامدىن ئوردىغىچە كەڭ بوشلۇق بولغاچقا، ئوردىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ناھايىتى ئاسان كۆرەلىدىم. ئوردىنىڭ سىرتىدىكى قەسىر بەش چى ئېگىزلىكتە ئىدى. ئەڭ ئىچىدىكى قەسىر پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئۆيلىرى بولۇپ، ئىنتايىن كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى.

مەن ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ۋېدىل مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم، ئالىيجاناب ئادەم بولۇپ، ئەركىنلىكىم ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ئۇ مەن بىلەن ئالىقىنىمغا چىقىپ سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى ئالىقىنىمغا ئالدىم، ئۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولغانلىقىمنى تەبرىكلەپ گەپ





باشلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: چەت ئەللىكلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ دۆلەت ئىنتايىن گۈللەنگەن، روناق تاپقاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن 70 ئاي ئىلگىرى پۈتۈن مەملىكەت ئېگىز پاشنىلىقلار پارتىيىسى ۋە پەس پاشنىلىقلار پارتىيىسى دېگەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلار پاشنىسىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى ئارقىلىق سىياسىي تەشەببۇسلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېگىز پاشنىلىقلار كونا تۈزۈمنى قوللايدۇ، لېكىن پادىشاھ پەس پاشنىلىقلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. پادىشاھ كېيگەن ئاياغنىڭ پاشنىسى ھەرقانداق ۋەزىرنىڭكىدىن پەس، نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى، ھەتتا ئۇچرىشىپ قالسا بىر ـ بىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ. مانا بۇ دۆلەت ئىچىدىكى كىرىزىس.

بۇنىڭدىن باشقا، چەتنىڭ تاجاۋۇزى يەنى بىرىك ئارال دۆلىتىنىڭ ھۇجۇمى بار. بۇ دۆلەتمۇ دۇنيادىكى چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ، لىرىپ دۆلىتىگە ئوخشاشلا كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى لىرىپ دۆلىتىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش. لېكىن بۇنىڭدىن 36 ئاي ئىلگىرى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى.

لىرىپ دۆلىتىنىڭ ئادىتى بويىچە تۇخۇم يېگەندە ئالدى



www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇخۇمنىڭ چوڭ تەرىپىنى چېقىش كېرەك ئىدى. پادىشاھنىڭ بوۋىسى كىچىك چېغىدا شۇ ئۇسۇل بىلەن تۇخۇم يېگەندە قولىنى كېسىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ دادىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۇخۇم يېگەندە تۇخۇمنىڭ كىچىك تەرىپىنى ئاۋۋال چېقىشنى، تۇخۇمنى مۇشۇنداق يېيىشكە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

كىشىلەر بۇ پەرمانغا ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئالتە قېتىم قوزغىلاڭ قىلدى. ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭدا نۇرغۇن قان تۆكۈلدى، بۇنىڭغا بىرىك ئارال دۆلىتىنىڭ چەتتىن كۈشكۈرتۈشى، قېچىپ بارغان قوزغىلاڭچىلارنى قوينىغا ئېلىشى سەۋەب بولدى. بۇ قاچاقلار بىرىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ياردىمىگە ئىگە بولدى. شۇڭا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 36 ئاي داۋاملاشتى.

ئۇرۇشقان ھەر ئىككى تەرەپتە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن لىرىپ دۆلىتى 40 چوڭ پاراخوت ۋە نۇرغۇن كىچىك پاراخوت زىيان تارتتى. 30 مىڭدىن ئارتۇق باتۇر جەڭچىسىدىن ئايرىلدى. دۈشمەننىڭ تارتقان زىيىنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بوپتۇ. يېقىندا ئۇلار چوڭ پاراخوتلارنى ياساپ لىرىپ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ.



پادىشاھ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا ۋە كۈچۈمگە ئىشىنىپ بۇ ۋەزىرنى ئاشۇ ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن يېنىمغا ئەۋەتكەنىكەن.

ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ قايتىپ بېرىپ، پادىشاھقا ئۇلارنىڭ چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇشنى ئېيتتىم.



www.uyghurkitap.com







# ئەپسۇسلىنارلىق غەلىبە

بىرىك ئارال دۆلىتى لىرىپ دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئىككى دۆلەتنى 800 يارد كەڭلىكتىكى دېڭىز بوغۇزى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاچقا، ئىككى دۆلەت خەلقى بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇلار مېنىڭ لىرىپ دۆلىتىگە كەلگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيتتى. بۇ چاغدا دۈشمەننىڭ پاراخوتلىرى پورتتا توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، شامال ئوڭدىن كەلگەن ھامان ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى ئىدى. لىرىپ دۆلىتىدىكى ئەڭ تەجرىبىلىك بىر ماتروستىن بوغۇزدىكى سۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلگەندە، بوغۇزدىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى كۆپ بولسا 7 ~ 6 چىغا يېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنتايىن ياخشى پىلاندىن بىرنى ئويلاپ تاپتىم ـ دە، دۈشمەننىڭ پاراخوتلىرىنى تارتىۋالماقچى بولدۇم. پادىشاھمۇ پىلانىمنى تەستىقلىدى.

ئەتىسى دېڭىز بويىغا بېرىپ كىچىك تاغنىڭ كەينىدە يېتىپ، يانچۇقۇمدىن كىچىك دۇربۇننى ئېلىپ، بىرىك تەرەپ-



www.uyghurkitap.com

كە قارىدىم. ئۇ يەردە 50 تەك جەڭ پاراخوتى، يەنە نۇرغۇن ترانسپورت پاراخوتلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ياسىغان 50 ئىلمەكنى 50 تال ئارغامچىغا باغلىدىم، سىرتقى كىيىملىرىم ۋە ئاياغ ـ پايپاقلىرىمنى سېلىۋېتىپ، خۇرۇم جىلىتكىنى كىيىپ دېڭىزغا چۈشتۈم.

بۇ چاغدا دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلمىگەنىدى. مېڭىش تەس جايلاردا ئۈزۈپ، يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۈشمەن پاراخوتلىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردىم.

دۈشمەنلەر مېنىڭ بۇنداق يوغانلىقىمنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن سۇغا سەكرەپ قىرغاققا ئۈزۈپ بېرىۋالدى. دۈشمەننىڭ ھەممە ئادىمى تەخمىنەن 30 مىڭغا يېتەتتى.

دۈشمەن قاچقاندا ئىلمەكلەرنى ھەر بىر پاراخوتنىڭ تۆشۈكىگە بىردىن ئىلىپ، ئارغامچىلارنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى يىغىپ تۇتۇۋالدىم. مەن بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا قىرغاقتىن ئېتىلغان مىليونلىغان ئوقلار قوللىرىمغا ۋە يۈزۈمگە تېگىپ ئىنتايىن ئاغرىتىۋەتتى. كۆزلىرىمدىن ئەنسىرەپ، كۆزەينىكىمنى ئېلىپ تاقىۋالدىم. كۆزەينەككە نۇرغۇن ئوق تېگىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىرىمنى باتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇردۇم. ئاندىن ئارغامچىلارنى تۇتۇپ لىرىپ دۆلىتى تەرەپكە سۆرەپ ماڭدىم. لېكىن پاراخوتلار قوزغالمىدى. ئەسلىدە بۇ پاراخوتلارنى سۇغا لەڭگەر سېلىپ توختىتىپ قويغاند-



كەن. يىپچىقىمنى ئېلىپ، ئېتىلىۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا
قىلماي، لەڭگەرلەرنىڭ ئارغامچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كې-
سىۋېتىپ، پاراخوتلارنى قارشى قىرغاققا سۆرەپ ماڭدىم.

قىرغاقتا تۇرغان دۈشمەنلەر پاراخوتلىرىنى ئېلىپ كەت-
كەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نالە قىلدى. پا-
جىئەلىك چىرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئوقى يېتىدىغان
ئارىلىقتىن چىقىۋالغاندىن كېيىن كۆزەينىكىمنى يانچۇقۇم-
غا سېلىپ، قوللىرىمغا ۋە يۈزۈمگە سانجىلىپ قالغان ئوقلار-
نى ئېلىۋېتىپ، يانچۇقۇمدىكى مەلھەم دورىنى سۈرۈپ،
لىرىپ دۆلىتىنىڭ قىرغىقىغا تىنچ ـ ئامان يېتىپ كەلدىم.

لىرىپ دۆلىتىنىڭ پادشاھى ۋە ھەممە ۋەزىر ـ ۋۇزرالى-
رى قىرغاقتا ساقلاپ تۇراتتى. دۈشمەننىڭ شۇنچە كۆپ پاراخوت-
لىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن خۇشاللىق-
تىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. «ياشىسۇن ئۇلۇغ لىرىپ پا-
دىشاھى!» دەپ توۋلاشتى. بۇ ئۇلۇغ پادىشاھ مېنى كۈتۈۋېلىش
ئۈچۈن ئۆزى قىرغاققا كېلىپ، سانسىز مىننەتدارلىق سۆزلى-
رىنى قىلدى. ماڭا «نالداك» لىقىنى بەردى. بۇ ئۇلاردىكى ئەڭ
يۇقىرى شۆھرەت ۋە ئالىي ئۇنۋان ئىدى.پادىشاھ كېيىن
پۇرسەت بولسا دۈشمەننىڭ قالغان پاراخوتلىرىنىمۇ لىرىپ دۆ-
لىتىگە ئېلىپ كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئۇ نېمىدېگەن قارانىيەت ـھە! پۈتۈن دۇنيانىڭ پادىشاھى بولغۇ-





سى بار ئوخشايدۇ ئۇنىڭ! مەن ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم ھەم ئەركىن، باتۇر خەلقنىڭ قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاپا بولۇپ، بېكىتىلگەن دۆلەت سىياسىتىگە ۋە ئىستراتېگىيىسىگە خىلاپلىق قىلدىڭ، دېدى.

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن بىرىك دۆلىتى لىرىپ دۆلىتىگە سۇلھ تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى. مەن ئۇلارنى كېلىشتۈرۈشكە ياردەملەشتىم.

سۇلھ شەرتنامىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇلار مېنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى رەسمىي زىيارەت قىلىپ باتۇرلۇقۇمنى مەدھىيىلىدى، مېنى دۆلىتىگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىدى. ئۇلارغا ماقۇل بولۇپ، پات ئارىدا ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشنى قارار قىلدىم. پادىشاھنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تەلىپىمگە ئاغزىدا ماقۇل بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۈنى كېچىسى ئوردىغا ئوت كەتتى. ئارقا ئوردىدىكى كېنىزەك ئۇخلاشتىن ئىلگىرى چىراغنى ئۆچۈرمىگەنلىكتىن ئوت كەتكەنىدى. ئوت ئىنتايىن ئۇلۇق بولۇپ، پۈتۈن ئوردىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئوت كەتكەننى بىلگەن ھامان ئۇلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشگە ياردەملىشىشكە كېلىپ، ئوتنى ئۈچ مىنۇتتا ئۆچۈرۈۋال-









دىم. لېكىن ئالدىراش ئوت ئۆچۈرۈۋاتقاندا خانىشنى چاڭگال- لاپ ئېلىپ ئوتنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىم ئۈچۈن گەرچە ئوت ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، خانىش كۆڭلىدە ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدى.

بىرىك دۆلىتىگە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييار- لىق قىلىۋاتاتتىم. بىر كۈنى كېچىسى ئوردىدىكى بىر يۇقى- رى دەرىجىلىك ئەمەلدار مەپىگە ئولتۇرۇپ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. بىر قېتىم پادىشاھ ھېلىقى ئەمەلدارغا ئىنتايىن خاپا بولغاندا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانىدىم، شۇڭا ئۇ ماڭا ناھايىتى يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ماڭا مەخپىي ئېيتىپ بېرىشى- چە، دۆلەتنىڭ بىر نەچچە پالاتا ئەزاسى يېقىندا مەخپىي يىغىن ئېچىپ، مېنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشنى مەسلى- ھەتلىشىپتۇ، ئىككى كۈن ئىلگىرى پادىشاھ ئۇلارنىڭ قارار لايىھىسىنى تەستىقلاپتۇ.

بۇ قارار لايىھىدە جىنايەتلىرىم كۆرسىتىلىپتۇ. ئەڭ چوڭلىرى تۆۋەندىكى تۆت خىل جىنايەت ئىكەن:

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە، پادىشاھتىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ قولى خانىشقا ۋە خانىشنىڭ بالىلىرىغا تەگسە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ گىگانت ئادەم (ئۇلار مېنى شۇنداق دەيتتى) خانىشنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ، يامان نىيەت- تە ئېگىز كۆتۈردى، روشەنكى، بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىككىنچى، بۇ گىگانت ئادەم دۈشمەننىڭ پاراخوتلىرىنى دۆلىتىمىزگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ باشقا پاراخوتلىرىنىمۇ تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇسا بۇيرۇققا بويسۇنمايلا قالماستىن، ۋىجدانىمغا خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايمەن، دېدى. ساداقەتسىزلىكتە شۇ دەرىجىگە يەتتى!

ئۈچىنچى، دۈشمەن دۆلەت سۈلھ قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەندە، بۇ گىگانت ئادەم دۈشمەن دۆلەت ئەلچىلىرىگە ياردەم بېرىپ گەپ قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى بىلەن ھېسابلاشمىدى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ پادىشاھىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغانغا ئوخشاش.

تۆتىنچى، بۇ گىگانت ئادەم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماي، دۈشمەن دۆلەتكە ساياھەتكە بېرىپ، دۈشمەن دۆلەت پادىشاھىغا ياردەم قىلماقچى بولدى. بۇنداق ئالدامچىلىق ۋە ۋەتەن ساتقۇچلۇق دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

بۇلار ئەڭ ئاساسلىق جىنايەتلىرىم ئىدى.

مۇشۇ جىنايەتلىرىمگە ئاساسەن، مالىيە ۋەزىرى بىلەن دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەشەببۇس قىپتۇ. ئۆيۈمگە كېچىدە ئوت قويۇۋەتمەكچى، ئاندىن گېنېرال لىنتوك 20 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ ماڭا زەھەرلىك ئوقيا ئېتىپ، مېنى ئىنتايىن پاجىئەلىك ئۆلتۈر-





مەكچى بوپتۇ.

بەختىمگە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ۋېدىل مېنى ئاقلاپ، تۆھپەمنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھمۇ قوغداشنى قارار قىپتۇ.

شۇڭا، كۆپچىلىك ئاخىرى كۆزۈمنى كۆرمەس قىلىۋېتىشنى قارار قىپتۇ. كۆزۈم كۆرمەس بولغاندىن كېيىن مالىيە ۋەزىرى كۈندىلىك يېمەكلىكىمنى ئازايتىپ، مېنى ئاستا ـ ئاستا ئورۇقلىتىپ، ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بۇ پىلاننى ئۈچ كۈندىن كېيىن مەخپىي ئىجرا قىلىشنى قارار قىپتۇ.

ئوردىنىڭ بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى شۇ گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ مەن بىلەن خوشلاشتى، كاللام قورقۇنچ ۋە قالايمىقانچىلىق بىلەن تولدى.

ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرى راست ئىدى. ئۇنى ئىنكار قىلالمىسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جىنايىتىمنى يېنىكلىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۆزۈم بېرىپ ئۇلارنىڭ سورىقىنى قوبۇل قىلىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن سىياسىي جىنايەت توغرىسىدا ھاياتىمدا كۆرگەن سوراقلارنىڭ كۆپىنچىسى سوتچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولاتتى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇنداق خەتەرلىك سوراقتا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پايتەختىنى تاش بىلەن كۆمپەيكۈم قىلىۋەتكۈممۇ كەلدى. لېكىن بەرگەن



قەسىمىمنى، پادىشاھنىڭ بۇرۇنقى ئىلتىپاتلىرىنى ئويلاپ بۇ نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم.

ئاخىرى كۆزۈمنى ۋە ئەركىنلىكىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئۈچ كۈندىن پايدىلىنىپ بىرىك ئارال دۆلىتىگە بېرىپ ساياھەت قىلىشنى قارار قىلدىم.

لېرىپ دۆلىتىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ياخشى دوستۇم ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىگە خەت يېزىپ، پادىشاھ رۇخسەت قىلغانلىقتىن شۇ كۈنى ئەتىگەندە بىرىك ئارال دۆلىتىگە ماڭغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى كۈتمەي دېڭىز قىرغىقىدىكى پورتقا باردىم. ئەڭ چوڭ بىر پاراخوتنى تاللاپ لەڭگەرنى تارتىپ، كىيىملىرىمنى سالدىم، كىيىم - كېچەكلىرىمنى ۋە ئېلىۋالغان ئازراق يۈك - تاقامنى پاراخوتقا سېلىپ، پاراخوتنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ، بىرىك ئارال دۆلىتىنىڭ قىرغىقىغا ساق - سالامەت يېتىپ باردىم.





www.uyghurkitap.com

2 ـ قىسىم

# چوڭ ئادەملەر دۆلىتى







## دېھقاننىڭ ئۆيىدە

1702 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «تەۋەككۇل» ناملىق پاراخوتقا چۈشۈپ سەپەرگە ئاتلاندۇق. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈمىد تۇمشۇقىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىككىنچى يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پاراخوتىمىز ئۈمىد تۇمشۇقىدىن يولغا چىقتى. ماداغاسقار ئارىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، پاراخوتىمىزنى 500 دېڭىز مىلى يىراققا ئاپىرىۋەتتى. ھازىر يەر شارىنىڭ قايسى قىسمىدا ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتۇق.

1703 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىر ماتروس ماچتىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ قاراپ «قۇرۇقلۇق، قۇرۇقلۇق!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. لېكىن بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ چوڭ ئارال ياكى قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ يېنىدا لەڭگەر تاشلىدۇق. مەن 12 ئادەم بىلەن قولۋاققا چۈشۈپ، قۇرۇقلۇققا چىقىپ تاتلىق سۇ تېپىپ كەلمەكچى بولدۇق.

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىم دېڭىز ياقىسىدىن سۇ ئىزدەپ كەتتى. ئۆزۈم يالغۇز يەنە بىر تەرەپكە



www.uyghurkitap.com

ماڭدىم. بىر چاقىرىمچە ماڭدىم، ئەتراپ قاقاسلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەلگەن يولۇم بىلەن ئارقا- غا قايتتىم. دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ قارىسام ھەمراھلىرىم قولۋاققا چىقىپ، پاراخوت تەرەپكە كېتىۋېتىپتۇ. چاقىرسام ئۇلار ماڭا پەرۋامۇ قىلمىدى.

ئەسلىدە غايەت چوڭ بىر غەلىتە مەخلۇق ئۇلارنى قوغلا- ۋاتقانىكەن. ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ناھايىتى تېز ماڭاتتى، دېڭىزنىڭ سۈيى ئاران ئۇنىڭ تىزىغا كېلەتتى. لېكىن ھەم- راھلىرىمنىڭ قولۋىقى ئۇنىڭدىن بىر يېرىم چاقىرىمدەك يى- راقلاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ يېتىشەلمىدى. بۇ غايەت چوڭ غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن قۇرۇقلۇقنىڭ ئى- چىگە كۈچۈمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم.

بىردەم يۈگۈرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم. بۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلەر 20 چى ئېگىزلىكتە ئۆسكەنىدى. داۋاملىق مېڭىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرنى كۆرۈپ قالدىم. بۇغدايلىقتى- كى بۇغدايلار ئاز دېگەندە 40 چى ئېگىزلىكتە ئىدى. بىر سائەت مېڭىپ بۇغدايلىقتىن ئاران چىقتىم.

بۇ بۇغدايلىق 120 چى ئېگىزلىكتىكى چىتلاق بىلەن قورشالغان ئىدى. چىتلاقتىن بىرەر ئاراچ تېپىپ ئۆتۈپ كەت- مەكچى بولۇپ تۇرسام، غايەت چوڭ بىر ئادەم تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بويى مەن دېڭىز ياقىسىدا كۆرگەن ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشايتتى، مۇناردەك







ئېگىز بولۇپ، ھەر قەدەمدە ئون يارد ئارىلىقنى باساتتى، ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىناتتى.

چاقچانلىق بىلەن بۇغدايلىقلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالدىم. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنىڭغا ئوخشاش گىگانت ئادەمدىن يەتتىسى كەلدى، قوللىرىدا ئورغاق، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئەبگا بولۇپ، بۇرۇن كەلگەن گىگانت ئادەمنىڭ مالايلىرى ياكى ئىشلەمچىلىرىدەك قىلاتتى. ئۇلار يېنىمغا كېلىپ بۇغداي ئورۇشقا باشلىدى.

جېنىمنىڭ بارىچە قېچىشقا تىرىشاتتىم، لېكىن بۇغداي ئارىسىدىكى بوشلۇق كىچىك بولغاچقا، ھەرىكەتتە ناھايىتى قىينالدىم. جىددىيلىشىپ ھەم قورقۇپ ئاخىرى ئېتىزدىكى ئېرىقتا يېتىۋالدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىر گىگانت ئادەم ئاستا مېڭىپ ئېرىق يېنىغا كەلدى. ئەگەر ئۇ مېنى دەسسەپلا سالسا مىجىلىپ كېتەتتىم. شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم ئۇنىڭ پۇتىدا قالدى. ئۇ مەندىن ئون يارد نېرىدا پۇتىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، قورققىنىمدىن توۋلىۋەتتىم. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان گىگانت ئادەم قەدىمىنى توختىتىپ، بىرەر پاقا تاپماقچى بولغاندەك ئېرىق ئىچىگە قارىدى.

ئۇ ئاخىرى مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئېگىلىپ باش ۋە بىگىز بارمىقى بىلەن مېنى ئاۋايلاپ چىمدىپ، كۆزىگە ئۈچ يارد كېلىدىغان ئارىلىقتا تۇتۇپ، تەپسىلىي قاراشقا باشلىدى. ئەھۋا-





www.uyghurkitap.com

لىمنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇ مېنى چېكەتكىنى مىجىقلىغاندەك ياكى دەسسىگەندەك مىجىپ ياكى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى خاتىرجەم قىياپەتتە تۇتۇپ، يۈرەكلىك بىلەن كۆزلىرىمنى ئېچىپ، قوللىرىمنى جۈپلەپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

ئاۋازىمنىڭ يېقىملىق، تۇرقۇمنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، مېنى يانچۇقىغا سېلىپ خوجايىنىغا ئېيتقىلى ماڭدى.

ئۇنىڭ خوجايىنى ناھايىتى باي ئادەم بولۇپ، ئېتىزدا مەن بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ھېلىقى ئادەم ئىدى.

خوجايىن مېنى ئالقىنىغا قويۇپ، بىز ئىشلىتىدىغان ھاسىدەك تۇملۇقتىكى چۆپ بىلەن كىيىملىرىمنى قايرىدى، چېچىمنى پۇۋلەپ ئىككى تەرەپكە ئايرىپ ئىنچىكىلەپ قارىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنى يەرگە قويۇپ قويدى. يەردە تىك تۇرۇپ، ئالدىرىماي مېڭىپ، قېچىپ كېتىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىمنى بىلدۈردۈم. شىلەپەمنى ئېلىپ بايغا تەزىم قىلدىم. يانچۇقۇمدىن بىر ھەميان تىللا ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتۇم. ئۇ تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قىزىقچىلىقى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئۆزۈمگە ياندۇرۇپ بەردى.

باي مېنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ماڭا گەپ قىلدى. مەنمۇ ھەر خىل تىللاردا







ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ قولىقىنى يېقىن تۇتۇپ گېپىمنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى، لېكىن نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشىنەلمىدى. ئاخىرى، مالايلىرىنى ئىش قىلىشقا بۇيرۇۋەتتى. يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ مېنى يۆگەپ، ئۆيگە ئېلىپ باردى.

بۇ چاغدا سائەت 12 بولغانىدى، مالاي جوزىغا بىر داس گۆش ئېلىپ كەلدى، داسنىڭ ئاغزى 24 چى كېلەتتى. خوجايىندىن باشقا ئايالى، ئۈچ بالىسى ۋە بىر قېرى موماي تاماق يېيىشكە ئولتۇردى. خوجايىن مېنى ئۆزىگە يېقىن يەردىكى جوزىغا قويۇپ قويدى. بۇ جوزىنىڭ ئېگىزلىكى 30 چىچە كېلىدىغان بولغاچقا، يىقىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ، جوزىنىڭ چېتىگە كەلمىدىم.

خوجايىننىڭ ئايالى دەسلەپ مېنى كۆرگەندە قىز بالا ئۆمۈچۈكنى كۆرگەندە قورقۇپ كەتكەندەك قورقۇپ قاچتى. لېكىن بىر دەمدىن كېيىن ھەرىكەتلىرىمنىڭ سالماق ئىكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا ئاستا يېقىنلاشتى. ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. بىر توغرام گۆش ۋە بىر توغرام بولكا كېسىپ ياغاچ تەخسىگە سېلىپ ماڭا بەردى. مەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ قولۇمغا پىچاق، ۋىلكا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدىم. ئۇلار كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى.

بۇ چاغدا ئايال خوجايىننىڭ ئامراق مۈشۈكى ئۇنىڭ تىزىـ



غا سەكرەپ چىقتى. ئۇ كالىدەك ئۈچ كېلەتتى، ئۇنىڭ يىرتقۇچ ئەلپازىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتىم. لېكىن ساياھەت تەجرىبەمدىن قارىغاندا، يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئالدىدا قاچسا ئۇنىڭ زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئۆزۈمنى زورمۇزور سالماق تۇتۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، جوزىدا 6 ~ 5 قېتىم ئالدىمغا ـ كەينىمگە ماڭدىم. ھېلىقى مۇشۇك غەلىتە تۇرقۇمنى كۆرۈپ قورقۇپ، ئايال خوجايىنىنىڭ قوينىغا مۆكۈۋالدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، خوجايىن ئىشقا ماڭماقچى بولدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئايالىغا ماڭا ئېھتىيات بىلەن قاراشنى جېكىلەۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇخلىماقچى بولدۇم. ئايال خوجايىنىم مەقسىتىمنى چۈشىنىپ، مېنى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا قويۇپ، ئۇستۈمگە قولياغلىقىنى يېپىپ قويدى. ئۇ قولياغلىق جەڭ كىيىمىنىڭ يەلكىنىدىنمۇ چوڭ ھەم قوپال ئىدى.

ئىككى سائەتتەك ئۇخلاپتىمەن، ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئېچىپ، ئىككى چاشقاننىڭ كارىۋاتتا تىمىسقلاپ، پۇراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىرى يۈزۈمگە چىقىۋېلىشقا ئازلا قالغانىدى. قورقىنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ، بېلىمگە ئېسىقلىق پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردۇم. چاشقان تىرناقلىرى بىلەن ياقامنى تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، پىچاقنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭغا تىقتىم. پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا سانجىلغانىدى، چاشقان يىقىلدى. يەنە بىر چاشقان





بۇ ھالنى كۆرۈپ بەدەر قاچقانىدى، ئارقىسىدىن بېرىپ دۈمبىسىگە پىچاق ئۇردۇم، ئۇمۇ يىقىلدى. بۇ چاشقانلارنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇزۇنلىقى بەش چى كېلەتتى. ئۆزۈمنى تەلەيلىك ھېس قىلدىم، ئەگەر ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا بولسا ئۇلار مېنى يېۋەتكەن بولاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى









# ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن

ئايال خوجايىنىمنىڭ توققۇز ياشقا كىرگەن بىر قىزى بولۇپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قىز ئىدى. ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە ماڭا ياتىدىغان بۆشۈك ياساپ بەردى. چاشقاننىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۆشۈكنى بوشلۇققا ئېسىپ قويدى.

بۇ قىز ماڭا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، ماڭا نۇرغۇن كىيىم تىكىپ بەردى، يەنە كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بەردى. ئۇ ھەمىشە بىر نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆز تىلىدا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۇنىڭ بويى 40 چى بولۇپ، مىجەزى ئوبدان ئىدى. ئۇ ماڭا «گالچىك» دەپ ئىسىم قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى شۇنداق ئاتايدىغان بولدى. كېيىنچە مەملىكەتتىكى ھەممە ئادەم بۇ ئىسمىنى بىلدى.

بىر كۈنى، خوجايىنىمنىڭ ئاغىنىسى خوجايىنىمنىڭكىگە مېنى كۆرگىلى كەپتۇ. خوجايىن مېنى جوزىغا ئېلىپ قويدى. مەن خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جوزىدا ئۇياقتىن





www.uyghurkitap.com

بۇياققا ماڭدىم، يەنە بىلمەيدىكى پىچاقنى ئېلىپ بۇ مېھمانغا ھۆرمەت بىلدۈردۈم.

لېكىن بۇ قېرى دېھقاننىڭ كۆزى ئاجىزراق بولغاچقا، ھەرىكەتلىرىمنى ئېنىق كۆرەلمەي، كۆزەينىكىنى تاقىدى. ئۇنىڭ كۈلكىلىك قىياپىتىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بولدى.

ئۇ پۇلپەرەس ئادەم ئىكەن. ئۇ خوجايىنىمغا مېنى بازارغا ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلىپ، پۇل تېپىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

خوجايىنىم ئاغىنىسىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، مېنى قۇتىغا سېلىپ بازارغا ئېلىپ باردى. كىچىك قىزى مەندىن ئايرىلىشنى خالىماي ئۇمۇ ئەگىشىپ بازارغا باردى. ئۇلار سارايغا چۈشكەندىن كېيىن شەھەردىكى كىشىلەر مېنى كۆرگىلى سارايغا كەلدى. مەن چوڭ بىر ئېغىز ئۆيدىكى جوزىغا قويۇپ قويۇلغانىدىم. جوزا يېنىدىكى ئورۇندۇقتا قىزچاق ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرسىتىشىمگە قوماندانلىق قىلدى.

نۇرغۇن ئادەم مېنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇدا سەككىز سائەت ئويۇن كۆرسەتتىم، خوجايىن نۇرغۇن پۇل تاپتى. خوجايىن پۇل تېپىپ بېرەلەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى تېخىمۇ چوڭ شەھەرگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلماقچى بولدى.

1703 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خوجايىن مېنى





پايتەختكە ئېلىپ بېرىپ، ئوردىغا يېقىن جايدىكى سارايغا چۈشتى. نۇرغۇن ئادەم ياللاپ ھەممە يەرگە ئېلان چاپلاتقۇزۇپ، تەقى - تۇرقۇم ۋە ماھارەتلىرىمنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

سارايدىكى بىر چوڭ ئۆيدە ھەر كۈنى ئون قېتىم ئويۇن كۆرسەتتىم. ھازىر مەن ئۇلارنىڭ تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغان بولغاندىم. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ھېلىقى قىز قولىغا كىتاب ئېلىپ، ماڭا خەت يېزىش ۋە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتتى.

ئۇدا نەچچە ھەپتە ئويۇن كۆرسىتىپ بەك چارچىغاندىم. بىر كۈنى ئوردا جارچىسى خوجايىنىم چۈشكەن سارايغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مېنى خانىش ۋە نۇرغۇن كاتتا خانىملارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ئېلىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى.

خانىش مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى. پۇتىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ، پۇتىغا سۆيۈپ قويۇشقا ئىلتىپات قىلىشىنى ئۆتۈندۈم، لېكىن بۇ مېھرىبان خانىش يېنىدىكىلەرگە مېنى جوزىغا ئېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ماڭا چىمەلتىكىنى ئۇزاتتى، مەن چىمەلتىكىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن سۆيۈپ قويدۇم. ئۇ مەندىن ئوردىدا تۇرۇشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى، مەن ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ: مەن خوجايىنىمنىڭ قۇلى، ئەگەر خوجايىن ئوردىدا تۇرۇشۇمغا ماقۇل بولسا، خانىش ئالىيلىرى ئۈچۈن





خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن خانىش مېنى مىڭ تىللاغا سېتىۋالدى.

بۇ چاغدا خوجايىنىمنىڭ كىچىك قىزى يادىمغا كەلدى. ئۇ ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى. خانىشتىن ئۇنىڭ-مۇ ئوردىغا كېلىپ مېنى باققۇچى ۋە مۇئەللىم بولۇشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندۈم. خانىش تەلىپىمگە ماقۇل بولدى.

خانىش مېنى پادىشاھقا كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارغاندا، ئۇ ناھايىتى ھەيران قېلىپ، ئۈچ كاتتا ئۆلىمانى مېنى كۆزد-تىش ۋە تەتقىق قىلىشقا چاقىرىپ كەلدى.

بۇ ئۈچ ئۆلىما مېنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى، ھەتتا چوڭايتىش ئەينىكى بىلەن قاراپمۇ مېنىڭ زادى قانداق نېمە ئىكەنلىكىمنى بىلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممە كىتابلىرىدا مەندەك كىچىك مەخلۇق توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىلمىغان-دى. ئاخىرى ئۇلار مېنى بىر خىل «غەلىتە مەخلۇق» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

خوجايىنىمنىڭ قىزى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەنلى-كىمنى كۆرگەن پادىشاھ ئوردىدىن بىر ئېغىز ئۆينى قىزغا بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. خانىش بىر ئە-قىللىق ياغاچچىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ساندۇق ياس-تىپ، ماڭا ئۆي قىلىپ بەردى.

مېنىڭ كۆرسىتىشىم بىلەن ياغاچچى ئۈچ ھەپتىدە







كەڭلىكى 16 چى، ئېگىزلىكى 12 چى كېلىدىغان ساندۇق يا-
سىدى. ئۇنىڭغا بىر ئىشىك، بىر نەچچە دېرىزە ئورنىتىلدى.
ئۆگزە تاختىيىنى يېپىپ ـ ئېچىشقا بولاتتى. ساندۇقنىڭ ئى-
چىگە كارىۋات، ئىككى ئورۇندۇق، بىر ئۈستەل، بىر ئىشكاپ
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خانىش ئەڭ نېپىز تاۋاردىن ماڭا كىيىم
تىكتۈرۈپ بەردى. كىيىمنىڭ پاسونى پارس ۋە جۇڭگونىڭ
كىيىم پاسونىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى.

خانىش ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدى، تاماق يېگەندىمۇ
ئالدىغا مەن ئۈچۈن ئۈستەل، ئورۇندۇق قويدۇرۇپ ئۆزىنىڭ
ئۈستىلىدىكى تاماقلىرىدىن يېيىشىمنى بۇيرۇيتتى، ھېلىقى
قىزنى پاكار ئورۇندۇققا چىقىپ ماڭا قاراشقا قويۇپ قوياتتى.

خانىشنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ ئەمەس ئىدى. لېكىن
ئەنگلىيىلىك 12 دېھقاننىڭ بىر ۋاخ تامىقىنى بىراقلا ئاغ-
زىغا سالاتتى. ئالتۇن قەدەھتە ھاراق ئىچەتتى. بىر قەدەھ ھا-
رىقى بىر تۇڭ كېلەتتى. بۇنى كۆرگەن ئادەم قورقۇپ كېتەت-
تى.

ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە پادىشاھ، خانىش ۋە پادىشاھ جە-
مەتىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ھەر چارشەنبە كۈنى ئوردا ئاش-
خانىسىدا جەم بولۇپ تاماق يەيتتى.

جەم بولۇپ تاماق يېگەندە ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقۇم پادى-
شاھنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلاتتى.
پادىشاھ مەن بىلەن پاراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەندىن





ياۋروپانىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، قانۇنى، سىياسىتى ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى سو-رايتتى. مەن ئىمكانقەدەر تەپسىلىي جاۋاب بېرەتتىم.

پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باش ۋەزىر گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندا، مەسخىرە تەلەپپۇزدا «ئىنسانلارنىڭ قەدىر ـ قىم-مىتى نېمىدېگەن چۈشۈپ كەتكەن ـ ھە، مۇشۇنداق ئۇششاق قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ بىزنى دورايدىغان بولۇۋاپتۇ، ھەقىقەتەن كۈلكىلىك!» دەيتتى.

مۇشۇنداق ھاقارەتلەرگە ئۇچرىساممۇ قارشىلىق كۆرسى-تىشكە ئامالسىز ئىدىم. كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈس-تىدە ئويلىنىپ قالدىم: ئەگەر بەدىنىم ئۇلارنىڭكىدەك يوغان بولغان بولسا، ئەنگلىيىلىك ئاقسۆڭەك ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆ-زىگە تەمەننا قويۇپ يوغان سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىسام، مەنمۇ زاڭلىق قىلىپ كۈلگەن بولاتتىم.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





# خەتەرگە ئۇچراش

خانىش پادىشاھ بىلەن ئۇۋغا چىققاندا مېنىمۇ ئوينى-تىپ كېلىشكە ئېلىۋالدى. ئۇلار پايتەختنىڭ ئەتراپىدىكى 2 مىڭ چاقىرىم دائىرە ئىچىدە ئوۋ ئوۋلايتتى.

بۇ پادىشاھ زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مىڭ چاقىرىم، كەڭلىكى 5 ~ 4 مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان يېرىم ئارال بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتا تۇتاشقان جايدا 30 چاقىرىم ئېگىز-لىكتىكى تاغ تىزمىلىرى بار ئىدى. ئۇ تاغدا يانار تاغ كۆپ بولغاچقا ئۆتكىلى بولمايتتى. يېرىم ئارالنىڭ ئۈچ تەرىپى دېڭىز، دېڭىزدا بوران كۆچلۈك، سۇ ئاستىدا خادا تاشلار كۆپ بولغاچقا ھېچكىم بۇ يەرگە كېلىشكە تەۋەككۇل قىلالمىغان. شۇڭا بۇ يەر دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان.

بۇ ئەلدە ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 51 چوڭ شەھىرى، 100 گە يېقىن بازىرى، سانسىز مەھەللىلىرى بار ئىكەن. پايتەخت بىر چوڭ دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان. 80 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق، 600 مىڭدەك پۇقرا بار ئىكەن. شە-ھەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 162 چاقىرىم، كەڭلىكى 135 چاقىرىم كېلە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىكەن. بۇنى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن ھېسابلاپ چىقتىم. خەزىنە يەرگە يېيىتىلسا ئۇزۇنلۇقى 100 چى كېلەتتى.

ئوردا رەتسىز سېلىنغان چوڭ ئۆي بولۇپ، ئەتراپى يەتتە چاقىرىمچە كېلىدۇ، ئاساسلىق ئۆيلەرنىڭ ئېگىزلىكى 240 چى كېلىدۇ.

ساياھەت قىلغاندا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن خانىش ھېلىقى ياغاچچىغا مەن ئۈچۈن يەنە بىر كىچىكرەك ساندۇق ياساتتى. ساندۇقنىڭ كەڭلىكى 12 چى، ئېگىزلىكى 10 چى بولۇپ، ئۈچ تەرىپىگە دېرىزە قويۇلغان، ساياھەت ئۈستىدە كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ دېرىزىلەرنىڭ سىرتىغا سىم تور مىخلانغان. تۆتىنچى تەرىپىگە دېرىزە قويۇلماي ناھايىتى مەھكەم ئىككى تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلغانىدى، شۇنداق بولغاندا ساياھەتكە چىققاندا ھالقىلاردىن بەلۋېغىنى ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئاسان بولاتتى.

بۇ ساندۇقتا بىر قاتلىما كارىۋات، تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان سەگەنچۈك، ساياھەت ئۈستىدە چايقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پولغا مىخلىۋېتىلگەن بىر ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق بار ئىدى.

بازارغا بېرىپ سەيلە قىلماقچى بولسام، ھېلىقى قىز مەپىگە چۈشۈپ ساندۇقنى ئېتىكىگە ئېلىۋالاتتى. ئەگەر كىشىلەر مېنى كۆرمەكچى بولسا مەپىنى توختاتقۇزۇپ، مېنى ئالىقىنىغا ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتەتتى.





www.uyghurkitap.com

چوڭ ئادەملەرنىڭ بۇ دۆلىتىدە شۇنداق ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇش ئىدىم. لېكىن بىر نەچچە قېتىم كۆتۈلمىگەن خەتەرگىمۇ ئۇچرىدىم.

ماڭا قارايدىغان قىز بىر كۈنى مېنى پادىشاھنىڭ بېغىغا ئويناتقىلى ئېلىپ كەلدى. مەن ساندۇقتىن چىقىپ سەيلە قىلىپ يۈرسەم ئوردىدىكى «پاپا» (ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ 30 چى كېلەتتى) يېنىمغا كېلىپ، مەن بىلەن بىللە پاكار ئالما دەرىخى تۈۋىگە باردى. بۇ چاغدا مەن مەسخىرە تەلەپپۇزدا پاكار ئالما دەرىخى ۋە پاكار ئادەم توغرىسىدا گەپ قىلدىم. ئۇ ئاڭلاپ خاپا بولۇپ ئالما دەرىخىنى ئىرغىتىشقا باشلىدى. شېخىدىن ئۈزۈلگەن چېلەكتەك ـ چېلەكتەك 12 تال ئالما قۇلاق تۈۋىمدىن ئۆتۈپ يەرگە چۈشتى. بىر ئالما دۈمبەمگە تېگىپ مېنى يىقىتىۋەتتى.

يەنە بىر قېتىم يەنە شۇ باغدا، قىزچاق مېنى يەرگە ئويناشقا قويۇپ بېرىپ، ئايال خوجىدار بىلەن مېنىڭ ئۇنۇم يەتمەيدىغان گۈدەك يىراققا كەتتى، دەل شۇ چاغدا، ئىشلەمچىلەر باقىدىغان ئاق ئىت يېنىمغا تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى چىشلەپ كۆتۈرۈپ ئىگىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ يەرگە ئاستا قويدى. تەلىيىمگە بۇ ئىت ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكتىن مېنى چىشلەپ كۆتۈرگەن بولسىمۇ زەخىملەندۈرمىدى، ھەتتا كىيىملىرىمنىمۇ يىرتمىدى.

شۇ ئىش بولغاندىن كېيىن قىزچاق مېنى باغدا يالغۇز قوي-







مايدىغان بولدى، كۆپىنچە ۋاقتىم ئوردىدا ئۆتىدىغان بولدى.

ئوردىدا خانىش دىگەن تۇرمۇشى توغرىسىدىكى گەپلە-رىمنى ئاڭلاشقا قىزىقاتتى. ئىچىم پۇشۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ هامان ھەر خىل ئۇسۇللارنى تېپىپ مېنى خۇش قىلاتتى.

ئۇ كېمە ھەيدىيەلەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، ھېلىقى ئۇستا ياغاچچىغا بۇيرۇتۇپ ئون كۈندە ماڭا بىر قېيىق ياسى-تىپ بەردى، قېيىقتا ھەر خىل سايمانلار بولۇپ، ئۇنىڭغا مەندەك ئون ئادەم پاتاتتى. قېيىق پۈتكەندىن كېيىن خانىش ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ياغاچچىغا ئۇزۇنلۇقى 300 چى، كەڭلىكى 50 چى، چوڭقۇرلۇقى 8 چى كېلىدىغان ياغاچ ئوقۇر ياساتقۇزدى، ئوقۇرنى ئوردىنىڭ تام تۈۋىگە قويۇپ، لىق سۇ قاچىلاتقۇزدى. سۇدا پالاق ئۇرۇپ قېيىق ھەيدەيدىغان بولدۇم. بەزىدە يەلكەننى چىقىرىپ قوياتتىم. مېنى تاماشا قى-لىۋاتقان كاتتا خانىملار يەلپۈگۈچلىرى بىلەن بوران چىقى-رىپ، كېمىنى يىراقلارغا كەتكۈزۈۋېتەتتى. مەن رولنى تۇتۇپ ماڭىدىغان يۆنىلىشىمنى ئەركىن تاللاپ ماڭاتتىم.

لېكىن بۇ ھەرىكەت بىر كۈنى جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى. بىر مالاي كېمەمنى ئوقۇرغا سالغاندىن كېيىن ھەم-مىگە چېپىلىپ يۈرۈيدىغان ئايال خوجىدار مېنى كۆتۈرۈپ كېمىگە سېلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن ئېھتىيات قىلماي مېنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. تەلىيىمگە ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېسىۋالغان مېدالىيونىنىڭ ئىلغۇچىغا ئىلىنىپ قالدىم. بول-





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىسا 40 چى ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشكەن بولسام، چالا ئۆلۈك بولۇپ قالاتتىم.

يەنە بىر قېتىم ماڭا قارايدىغان قىز بىر ئىش بىلەن بىر ياققا كېتىپ، دېرىزىنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئاشپەزلەر باققان بىر مايمۇن دېرىزىدىن ئۆيگە تۇيۇقسىز سەكرەپ كىرىپ، ساندۇقتىكى مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قولىنى ساندۇققا تىقىپ، مۈشۈك چاشقاننى تۇتقاندەك چاپىنىمنىڭ پېشىدىن تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ چىقتى، قاتتىق تىركىشىپ باقتىم، لېكىن ئۇ مېنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدى.

شۇ چاغدا بىرسىنىڭ ئىشىكنى ئاچقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ قورقۇپ كېتىپ مېنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ، ياندىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە سەكرەپ چىقىۋالدى.

ماڭا قارايدىغان قىز مايمۇننىڭ مېنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قالدى. ئوردىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تۆت مالاي شوتا تېپىپ كېلىپ ئۆگزىگە چىقتى.

كىشىلەرنىڭ قوشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مايمۇن مېنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتتى.

مېنى بىرەيلەن يانچۇقىغا سېلىپ تىنچ ـ ئامان ئېلىپ چۈشتى. لېكىن ھېلىقى قەبىھ مايمۇن بىلىمدىن چىڭ تۇتۇۋالغاچقا خېلى قاتتىق يارىلىنىپتىمەن، ئىككى ھەپتە يېتىپ ئاران ساقايدىم.







سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ جانابلىرى بۇ قېتىمقى كەچۈرمىشىم ئۈستىدە خۇشخۇيلۇق بىلەن چاقچاق قىلىپ ئۆز دۆلىتىمدە شۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ قالغاندا قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىمنى سورىدى.

بىزنىڭ ئۇ يەردىكى مايمۇنلارنىڭ ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىكىنى ئۆزۈم يالغۇز 12 مايمۇنغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن يەنە ھېلىقى مايمۇن مېنى تۇتماقچى بولغاندا ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالالىغان بولسام، پىچىقىم بىلەن ئۇنى زەخىملەندۈرەتتىم، دېدىم.

سۆزۈمنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىلەردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادەم ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كىشىلەر ئارىسىدا يوغان گەپ قىلسا، بەكمۇ كۈلكىلىك بولىدىكەن!



www.uyghurkitap.com







# مۇزىكا ۋە ئارمىيە

پادىشاھ مۇزىكا ئاڭلاشقا ئامراق بولۇپ، ئوردىدا ھەمىشە مۇزىكا ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە مەنمۇ قاتنىشاتتىم. ئۇلار ساندۇقۇمنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قوياتتى، مەن مۇزىكا- نى ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتىم. مۇزىكىنىڭ ئاۋا- زى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قانداق ئاھاڭغا چېلىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتىم. ساندۇقنىڭ دېرىزىلى- رىنى چىڭ يېپىۋالسام مۇزىكا ئانچە قوپال ئاڭلانمايتتى.

كىچىكىمدە پىئانىنو چېلىشنى ئۆگەنگەندىم. ماڭا قا- رايدىغان قىزچاقنىڭمۇ ئۆيىدە پىئانىنو بار ئىدى. پادىشاھقا ئۇنى چېلىپ بەرگۈم كەلدى.

ئۇ پىئانىنونىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 چى بولۇپ، ھەر بىر تىلى بىر چى كەڭلىكتە ئىدى. ئىككى قولۇمنى كەڭ يايسام- مۇ بەشتىن ئارتۇق تىلىنى مىدىرلىتالمايتتىم. يەنە كېلىپ تىللارنى بېسىشقا ئىنتايىن زور كۈچ چىقىرىشقا توغرا كې- لەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تال توقماق ياساپ، بىر ئۇچىنى توم قىلىشنى، توم ئۇچىغا چاشقان تېرىسى يۆگەپ قويۇشنى



www.uyghurkitap.com

تەلەپ قىلدىم. شۇنداق بولغاندا پىئاننونىڭ تىلى زەخمىلەن-مەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۆت چى ئېگىزلىكتە ئورۇندۇق ياساپ، پىئاننونىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار دېگىنىمدەك قىلدۇرۇپ بەردى.

ئورۇندۇققا چىقىپ يۇگۇرۇپ يۇرۇپ پىئاننونىڭ تىللى-رىغا ئىككى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئەنگلىيە مۇزىكىلىرىنى چالدىم. بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ جىددىي ھەرىكەتلەر ئىدى. پادى-شاھ ۋە خانىش مۇزىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

بۇ پادىشاھ ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى، ئۇ دائىم مېنى كىچىك ئورۇندۇقتا ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغۇزۇپ، مەن بىلەن ھەر خىل ئىشلار ئۇستىدە سۆزلىشەتتى. مەن ئۇنىڭغا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، ئىلىم - پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. بۇ پا-دىشاھ دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشىغاچقا، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭدا بىلىم كەم بولغاچقا، نۇرغۇن بىر تەرەپلىمىلىكلەرمۇ پەيدا بولغانىدى.

بىر قېتىم ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن 300 ـ400 يىل ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بىر خىل دورا ياسىغانلىقىنى، دورىغا كىچىككى-نە ئۇچقۇن چۈشۈپ كەتسىمۇ تۇيۇقسىز پارتلاپ كېتىدىغانلىق-نى، تاغنىمۇ پارتلىتىپ كۆككە سورۇۋېتەلەيدىغانلىقىنى، گۈل-دۈرمامىدەك قاتتىق ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

مەن يەنە ئۇنىڭغا بۇ دورىدىن پايدىلىنىپ مىلتىق ۋە زەم-





www.uyghurkitap.com

بىرەك ئوقلىرىنى ياساپ ئاتقاندا، ھەممە جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش-كە، سېپىللەرنى بۇزۇپ، ھەربىي پاراخوتلارنى پاچاقلىۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق دورىنىڭ ماتېرىياللىرى ئادەتتىكى ئەرزان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇنداق دورىنى ياساشنى بىلىدى-غانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم ھەمدە مۇشۇنداق دورىنى ياساپ ئۇ-نىڭغا تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

لېكىن پادىشاھ بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. مەندەك ئاجىز قۇرت ـ قوڭغۇزنىڭ (ئۇ مېنى شۇنداق دەيتتى) ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇنداق پى-كىرلەرگە قانداقمۇ ئەقلى يەتكەندۇ، دەپ ھەيران قالدى. ئۇ دۆلەتنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇنداق ۋەھشىيانە نەرسىگە ئىگە بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى تىلغا ئال-ماسلىقىمنى بۇيرۇدى.

بۇ ئەلدىكى ئادەملەر سىرت بىلەن ئايرىلىپ قالغاچقا، بىلىمدە ئىنتايىن ئارقىدا قالغان بولۇپ ئەخلاق، تارىخ، شېئىر ـ قوشاق ۋە ماتېماتىكىلا بىلەتتى.

ئۇلارنىڭمۇ جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاش قەدىمكى زاماندىلا مەتبەئە تېخنىكىسى بولغانىكەن. لېكىن كۇتۇپخانىسى ئىنتا-يىن كىچىك ئىكەن. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانا ھېسابلانغان پادىشاھ كۇتۇپخانىسىدا بىرەر مىڭدەك كىتاب





بولۇپ، 1200 چى ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆيگە تىزىپ قويۇلغانىكەن.

مەن ھەمىشە شۇ يەرگە بېرىپ ئۆزۈم قىزىقىدىغان كىتابلارنى ئارىيەت ئالاتتىم. ئۇلار مەن ئوقۇماقچى بولغان كىتابنى ئېلىپ تامغا يۆلەپ ئېچىپ بېرەتتى. ماڭا ئېگىزلىكى 25 چى، كەڭلىكى 50 چى كېلىدىغان ھەرىكەتچان شوتا ياسىتىپ بەرگەن بولۇپ، كىتابنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرەتتى. كىتابنى شوتىدا مېڭىپ يۈرۈپ، كۆزەينەك تاقىۋېلىپ ئوقۇيتتىم. ئەسەرلەر ناھايىتى ئاددىي، راۋان يېزىلغان بولۇپ، تەسۋىر ئىبارىلىرى ئىشلىتىلمىگەن ياكى بىرەر ئارتۇقچە جۈملىمۇ كىرگۈزۈلمىگەنىدى.

ئارمىيىسى توغرىسىدا ئۇلار ئۆزىنى ماختاپ، پادىشاھنىڭ 176 مىڭ پىيادە ئەسكىرى، 32 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئارمىيە شەھەردىكى سودىگەرلەر ۋە يېزىلاردىكى دېھقانلاردىن ئۇيۇشتۇرۇلغان، پادىشاھنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە داڭلىق مۆتىۋەرلەر ئوفېتسىر بولغانىدى. ئۇلار خالىس ئىشلەيتتى، مائاش ئالمايتتى.

ئۇلارنىڭ ئارمىيىسىنىڭ مەشىق قىلغىنىنى كۆرگەنىدىم. مەشىق مەيدانى پايتەخت يېنىدىكى بىر پارچە بوشلۇق بولۇپ، كۆلىمى 20 كۋادرات چاقىرىم كېلەتتى، ئۇ يەردە 26 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 6 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر مەشىق قىلاتتى. ھەر بىر ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئېگىزلىكى ئېتى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 90 چىغا يېتەتتى.



www.uyghurkitap.com





پادىشاھنىڭ بۇ ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشتىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى: دۆلەتتە بۇرۇن ئىچكى ئۇرۇش بولغانىكەن، ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشنى پادىشاھنىڭ بوۋىسى مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلغانىكەن. شۇ چاغدىن باشلاپ كۆپچىلىك دۆلەت ئارمىيىسى قۇرۇشقا قوشۇلۇپتۇ. بۇ خىل دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مەشقى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# ساندۇقتىن قوتۇلۇپ چىقىش

چوڭ ئادەملەر دۆلىتىدە پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېگە بولغان بولساممۇ، لېكىن ئۆيدىكى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىم ھەمىشە يادىمغا كېلەتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردەك باراۋەرلىكتە سۆزلىشىشنى، باراۋەرلىكتە بىللە بولۇشنى، كوچىغا چىققاندا باشقىلارنىڭ دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن غەم يېيىشتىن خالىي بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم. قىسقىسى، پۇرسەت بولسا ئەركىنلىككە چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

مېنىڭ بۇ چوڭ ئادەملەر دۆلىتىدە ياشاۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولدى.

3 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ماڭا قارايدىغان قىز مېنى ئېلىپ پادىشاھ ۋە خانىشقا ئەگىشىپ، جەنۇبتىكى چېگرىغا ئوۋ ئوۋلاشقا باردۇق. ئوۋ ئوۋلاش تۈگىگەندە پادىشاھ بىلەن بىللە، دېڭىز قىرغىقىدىن 18 چاقىرىم يىراقلىقتىكى شەھەردە تۇردۇق.

ماڭا ئازراق سوغۇق تېگىپ قالدى. ماڭا قارايدىغان قىزمۇ قاتتىق ئاغرىپ، ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالدى. دې-







ڭىزنى كۆرگۈم بار ئىدى، ئەگەر پۇرسەت بولسا مۇشۇ يەردىن
قېچىپ كەتسەممۇ بولاتتى. بىر كۈنى قاتتىق ئاغرىپ قالغان
بولۇۋېلىپ دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئې-
لىشنى تەلەپ قىلدىم. مېنى باققۇچى قىز ئايرىلىدىغان
چاغدا كۆز يېشى قىلىپ مالايغا ماڭا ياخشى قاراشنى، كۈتۈل-
مىگەن ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنى تەكرار جېكى-
لىگەنلىكى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەن ساندۇقتا ئولتۇراتتىم، مالاي مېنى ئېلىپ دېڭىز
ياقىسىدىكى تاشلاردا يېرىم سائەت ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا دېرى-
زىنى ئېچىۋېتىپ ساندۇقنى يەرگە قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇ-
دۇم. بىردەم دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مالايغا كا-
رىۋاتىمغا چىقىپ ئۇخلايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ چاتاق
چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ دېرىزىلەرنى يېپىۋەتتى. ئۇزۇن
ئۆتمەيلا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

مالاي مېنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ
چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ساندۇقنى
ئالماي، تاشلار ئارىسىدىن قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنى ئىزدەپ
كېتىپتۇ. مېنى ئېلىپ ماڭغاندا كۆتۈرۈشكە ئاسان بولسۇن
ئۈچۈن ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئىككى تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلغا-
نىدى. لېكىن ھازىر قانداقتۇر بىر نېمە تۆمۈر ھالقىنى تۇ-
يۇقسىز تارتىپ ساندۇقنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، ناھايىتى تېز
ئېلىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





ساندۇقنىڭ سىلكىنىشىدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم. جېنىمنىڭ بارچە ۋارقىرىغان بولساممۇ ھېچ ئەھمىيىتى بولمىدى. ساندۇقنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ، كۆك ئاسمان ۋە ئاق بۇلۇتلارنى كۆردۇم. بىردەمدىن كېيىن بېشىمدا بۈركۈتنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن زور خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم: ھېلىقى بۈركۈت ساندۇقنى تاشپاقا، دەپ بىلىپ مېنى ھاۋادىن تاشلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولغانىكەن.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غايەت چوڭ قۇش قاناتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ساندۇق تېخىمۇ قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ بۈركۈتكە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، كەينىدىنلا ساندۇقنىڭ ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ساندۇقنىڭ چۈشۈشى بارغانسېرى شۇنداق تېزلەشتىكى، نەپەس ئالالماي تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالدىم.

ئاخىرى ساندۇق دېڭىزغا چۈشتى.

ساندۇق دېڭىزدا مۇقىم تۇرغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋالدىم. پەرىزىمچە، مېنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ چىققان بۈركۈتنى كۆرگەن يەنە بىر بۈركۈت ئۇنىڭدىن ساندۇقنى تارتىۋالماقچى بولغان. ئۇلار تالىشىش نەتىجىسىدە مېنى تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ياغاچ ساندۇقنىڭ ئاستىغا قىلىن





www.uyghurkitap.com

قاڭالتىر مىخلانغاچقا، قۇتا ھاۋادىن چۈشۈپ سۇدا لەيلەپ قالغاندىمۇ قىڭغىيىپ كەتمىدى، يېرىلىپمۇ كەتمىدى.

ئىشىك ـ دېرىزىلەر ناھايىتى چىڭ ھەم ھىم بولغاچقا ئۆيۈمگە سۇ كۆپ كىرمىدى. ساندۇق سۇغا 5 چىدەك چۆككەنلىكتىن بەزى يوچۇقلاردىن ئازراق سۇ كىرىۋىدى، يوچۇقلارنى كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئېتىۋەتتىم.

مەن ئىنتايىن ئازابلاندىم ۋە قورقتۇم. مېنى ھەر ـ قاچان غايەت زور دولقۇن يۇتۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. دېرىزىنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ كەتسىلا تۈگىشەتتىم. يەنە ماڭا قارايدىغان قىز مېنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىمنى بىلسە قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقى، پادشاھ ۋە خانىشنىڭ قانداق ئەيىبلەيدىغانلىقى، قانداق پاجىئەلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى خىيالىمغا كەلدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم.

دېڭىزدا بىرەر سائەت لەيلىدىم.

تۇيۇقسىز ساندۇقنىڭ ھالقىسىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ تەگكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم، ئاندىن بىر خىل كۈچنىڭ ساندۇقنى دېڭىز سۈيىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەرىزىمچە، بىرسى ساندۇقنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئاچماقچى بولۇۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە ياردەمگە چاقىردىم، ۋارقىراپ ئۈنۈممۇ پۇتۇپ كەتتى. ھېرىپ يىقىلىپ قالاي







دېگەندە تۇيۇقسىز ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

دېرىزىدىن بىرسى ئىنگلىز تىلىدا مەندىن رادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئەنگلىيىلىك، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، دېدىم. ئۇلار مېنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىمنى، ساندۇقنىڭ پاراخوتقا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى، ياغاچچى كەلگەندە ساندۇقتىن تۆشۈك ئېچىپ، قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن تاقەت قىلالماي، ئۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىرسىڭلار ساندۇقنىڭ ھالقىسىدىن تۇتۇپلا پاراخوتقا ئېلىپ چىقساڭلارلا بولىدۇ، دېدىم. ئۇلار مېنىڭ بۇ بىمەنە سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈمگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ئادەملەر ئارىسىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى ئويلىماپتىمەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ياغاچچى پاراخوتتىن چۈشۈپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىدىن تۆت كۋادرات چى كېلىدىغان تۆشۈك ئاچتى. مەن ئاشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، ئەنگلىيىلىكنىڭ پاراخوتىغا چىقىۋالدىم.

مانا شۇ چاغدىلا ھەقىقىي قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىمنى بىلدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# گاللىۋېرنىڭ ساياھەت خاتىرىسى

# 格列佛游记



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)